## 11565 ـ توي قىلىش ئەۋزەلمۇ ياكى پەرز ھەج قىلىشمۇ؟

**سۇئال**

بويتاق كىشى ئۆچۈن توي قىلىش ئەۋزەلمۇ ياكى ھەج ـ ئۆمرە قىلىشمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ زىنا ـ پاھىشە، ھارام ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرسىڭىز ھەج ـ ئۆمرە قىلىشتىن ئىلگىرى توي قىلىشىڭىز كېرەك. ئەمما يۇقىرىقىدەك ئىشلاردا ئۆزىڭىزدىن ئەنسىرىمىسىڭىز ھەج ـ ئۆمرە قىلىپ بولۇپ ئاندىن توي قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا توغرا ئىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن.